ئىشنى ياخشى باشلايلى قەدەمنى ياخشى ئالايلى

بىزنىڭ بايرىمىمىز . يېڭى يىل

# رەڭدار مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى دەم ئېلىش كۈنلىرىگە ھۆسن قوشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لى لى خەۋەر قىلىدۇ: يېڭى يىللىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدەنىيەت سارايلىرى، مۇزېيلار، كۇتۇپخانىلار، گۈزەل - سەنئەت سارايلىرى شەكلى كۆپ خىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى.

«قوياش پارلاپ تۇرغان كۆللەر» «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر» «ياغېيۇدىن مول ھوسۇل ئېلىندى» «باھار شامىلى ئىللىقلىق ئېلىپ كەلدى» «يېڭى يېزا . يېڭى يۇرت - ماكان» قاتارلىق 100 پارچىغا يېقىن جۇڭگوچە رەسىم، ماي بوياق رەسىم، سۇ بوياق رەسىم ۋە ئويما رەسىم ئەسەرلىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك گۈزەل - سەنئەت سارىيىدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ.

«جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش. ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ــــ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش باش تېمىسىدىكى گۈزەل - سەنئەت ئىجادىيەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى»نى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان، شىنجاڭ رەسساملار يۇرتى ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇلۇت ئۈستى كۆرگەزمىسى ۋە تور سىرتىدىكى ئەسلىي ئەسەرلەر كۆرگەزمىسىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىدىن تەركىب تاپقان. كۆرگەزمە قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدە شىنجاڭ رەسساملار يۇرتىدىكى كەسپىي رەسساملارنىڭ باش تېما ئىجادىيەت ئەسەرلىرى بار، شۇنداقلا رەسساملار يۇرتى سىرتىدىكى سەنئەتكارلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش باش تېمىسىدىكى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلىرى بار.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت سارىيى 2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 2021 - يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە تور رەقەم سۇپىسىدا «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرنى ئوزۇقلاندۇردى» يۈرۈشلۈك بايراملىق ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى داۋاملىق ئوتتۇرىغا چىقاردى. پائالىيەت توردا قاتنىشىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئاساسلىق مەزمۇنى تېپىشماق تېپىش، چاغاننى كۈتۈۋېلىش بايراملىق رەسىم - قەغەز قىيما ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى، رەقەملىك مەدەنىيەت ئارقىلىق شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش، «ئائىلىمىزنىڭ چاغانلىق تامىقى» سۈرەتلىرىنى يىغىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەمتۈرتكىلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بۇنىڭ ئىچىدىكى بەش تۈرلۈك پائالىيەتتە مۇكاپاتلىق قاتنىشىش شەكلى قوللىنىلدى.

تېخىمۇ كۆپ ئوقۇرمەنگە ئاۋازلىق ئوقۇشنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ كۇتۇپخانىسى «توردىكى يېڭى تېمىلار. يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش مەدھىيەسى» توردا كىتاب ئاڭلاش بويىچە چېمپىيونلۇقنى تالىشىش مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى باشلىدى. 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە، ئوقۇرمەنلەر يان تېلېفون ئارقىلىق كودنى سكانىېرلاپ ياكى كومپيۇتېردا تور ئادرېسىغا چېقىپ جۇڭگو بىلىم تورى مۇسابىقە ئىشلىرى يۇلتۇز سۇپىسىغا كىرىپ، «ئالتۇن كالا چاغاننى كۈتۈۋېلىش بويىچە قىزىقارلىق سوئال - جاۋابلار» يېڭى يىللىق توردا زېھىن سىناش مۇسابىقىسى پائالىيىتىگە قاتناشسا بولىدۇ. بۇ پائالىيەتنى شىنجاڭ كۇتۇپخانىسى ئۇيۇشتۇرغان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۇتۇپخانا، جۇڭگو بىلىم تورى ماسلىشىپ ئۆتكۈزگەن.

2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 2021 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت سارىيى «مەن جېجياڭ - شىنجاڭنى سۆيىمەن» تېمىسى بويىچە «رەسىم ئارقىلىق جېجياڭ - شىنجاڭنى كۆيلەش» «مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش» ــــ چاغاننى كۈتۈۋېلىش دېھقان رەسساملار ئىجادىيەت نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، تور، تور سىرتىدىن ئىبارەت يول ئارقىلىق دېھقان رەسساملارنىڭ 85 پارچە ئەسىرىنى كۆرگەزمە قىلدى.

يېڭى يىل مەزگىلىدە، «جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش» ھۆسنخەت، رەسىم، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - مۇزېي يۇرتى (مۇزېي)دىكى ئاساسىي زالدا كۆرگەزمە قىلىندى، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)لەردە سەييارە كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈلدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - مۇزېي يۇرتى (مۇزېي) «يېڭى يىلنى تەبرىكلەش يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش» تور پائالىيىتى ــــ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان مۇزىكا - ئۇسسۇللارنىڭ چوڭ ھالقىش ‹يارقىن› سۈرەتلىرىنى باھالاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

# بايراملىق تاماق ئۈستىلىدىكى يېڭى كەيپىيات

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى يۇ شى، جاۋ شىيا

يېڭى يىل ئائىلىدىكىلەر، دوستلار يىغىلىپ تاماق يېيىش ئەڭ كۆپ بولىدىغان ۋاقىت. چوڭ مېھمانسارايلاردىن كىچىك ئاشخانىلارغىچە، ئىدارىلەردىن ئائىلىلەرگىچە مۇخبىر زىيارەت قىلىش داۋامىدا، بۇ يىل يېڭى يىل مەزگىلىدە «يېمەك - ئىچمەك ئېشىپ قېلىش زىياپىتى»نىڭ ئاز ئۇچرىغانلىقىنى، ئاز تاماق، يېرىم كىشىلىك قورۇما، ئاممىۋى چوكا تۈزۈمى قاتارلىقلارنىڭ بايرامدىكى «تاماق يېيىشتىكى يېڭى مودا»غا ئايلانغانلىقىنى بايقىدى.

«ئېھتىياجغا قاراپ ئېلىش، ئىسراپچىلىقنى رەت قىلىش»، «يېمەكلىكنى ئىسراپ قىلماسلىق ھەرىكىتى بۈگۈندىن باشلىنىدۇ»... 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىگە كىرگەندە مەكتەپ ھويلىسىدا، ئاشخانىلاردا ئېلېكترونلۇق ئېكران، تەشۋىقات رەسىمى، تەشۋىقات تاختىلىرىنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى، كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ «تېجەشلىك بولۇشنى قاتتىق يولغا قويۇش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش»ى تەشەببۇس قىلىنغانىدى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، مەكتەپنىڭ خېيۈەن باش تېما ئاشخانىسىدا ئوقۇغۇچىلار بىر مېتىردىن ئارتۇق ئارىلىق قويۇپ ئۆچرەتتە تۇرۇپ، تەرتىپ بويىچە تاماق ئېلىۋاتاتتى. مۇخبىرلار ئاشخانىنىڭ بىر چېتىدە يەنە تۆت يۈەنلىك، بەش يۈەنلىك كىچىك يۈرۈشلۈك لەڭمەن ۋە يۈرۈشلۈك مىفەن چىقىرىلغانلىقىنى بايقىدى، «ئىلگىرى تاماق يېگەندە ۋېيشىن دوستلار چەمبىرىكىدە ئېسىل تائاملارنىڭ سۈرىتىنى چىقىرىشنى ياخشى كۆرەتتىم، ھازىر قۇرۇق تەخسىنى سۈرەتكە تارتىپ داكا قىلساق ئاندىن خاسلىق بولىدۇ» دېدى ئالىي مەكتەپنىڭ 1 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى يەن مېڭياۋ.

2020 - يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى قورۇما تىزىملىكىنى تەڭشەپ، يېڭى قورۇملارنى چىقاردى، تاماق مىقدارى ئوخشاش بولمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىككى خىل مىقداردىكى مىفەننى چىقاردى، ئوقۇغۇچىلار تويمىسا تاماقنى ھەقسىز قوشقۇزۇپ يېسە بولىدۇ. «بىز يەنە ئىنچىكىلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ئېلىمىي سېتىۋېلىش، ساقلاش، پىششىقلاش، ياساش ۋە سېتىشنىڭ ھەربىر ھالقىسىدا ئاشخانا ئەخلەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى تىرىشىپ ئازايتتۇق» دېدى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت مەركىزى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قەيسەر ئابلىمىت.

«ماسكىنى ياخشى تاقىۋېلىڭ، بەدەن تېمپېراتۇرىڭىزنى ئۆلچىتىڭ.» 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋېنيى يولى ئەتراپىدىكى جوۋ ئۇستام خاس قورۇمخانىسىدا، مۇلازىمەتچى خېرىدارلارنى بىر ئادەم بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇشقا ياكى ئورۇن ئايرىپ ئولتۇرۇشقا يېتەكلىدى.

بايرامدا ئادەم ئېقىمى كۆپەيگەچكە، بۇ ئاشخانا ئالدى زال، ئارقا زالنى ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم ئومۇميۈزلۈك دېزىنفېكسىيە قىلدى، تازىلىق ئۆيگە يەنە مېھمانلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن يۇيۇۋېتىش ھاجەتسىز دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى قويۇپ قويدى. تاماق يېگىلى كەلگەن شەھەر ئاھالىسى لى شۇدى ئاشخانىنىڭ قاتتىق دېزىنفېكسىيە قىلىنغانلىقى ھەمدە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تەخسىلىك قورۇملارنى چىقارغانلىقىدىن ئىنتايىن رازى بولدى، «تىجارەتچىلەر يەنە يېمەكلىك خالتىسى، قولايلىق قاچا تەييارلاپ، مېھمانلارنىڭ تاماقنى ئوراپ قاچىلىشىغا قولايلىق يارىتىپتۇ، تېجەشلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بۇ ھەرىكەتنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ» دېدى لى شۇدى.

ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونى سەنداۋبا بازىرى تۇۋداۋبا كەنتىدىكى چىڭيۇن لۈيى ئېكىنزارلىق دېھقانلار ئارامگاھىدا، ساياھەتچىلەرنى مۇۋاپىق مىقداردا تاماق بۇيرۇتۇش، ئىسراپچىلىقنى ئازايتىشقا يېتەكلەش ئۈچۈن، دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ مەسئۇلى دوڭ خۇڭخېي «تاماق بۇيرۇتۇش ئەسكەرتمىسى»، «قاچىلاش»، «كىچىك تەخسىلىك قورۇما» قاتارلىق مەدەنىي غىزالىنىش خاس مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى.

«چوڭ قاچىلىق شورپىنى كىچىك پىيالىلىك شورپىغا، چوڭ ھورناننى كىچىك ھورنانغا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، باھاسى تۆۋەنلىدى، ساياھەتچىلەر بەس - بەستە قەدەم تەشرىپ قىلدى، ئاشخانىدىكى قالدۇق ئەخلەتلەر كۆرۈنەرلىك ئازايدى» دېدى دوڭ خۇڭخېي.

ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ بەنفاڭگوۋ بازىرى بەنفاڭگوۋ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇرغۇن تۇرسۇن كىچىك تەخسىلىك قورۇمىنى ياقتۇراتتى. «بايرام مەزگىلىدە چوڭ يەپ چوڭ ئىچىش، ھەددىدىن زىيادە يەپ - ئىچىش سالامەتلىككە زىيانلىق، ھازىر ئائىلىمىز ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەرنى كىچىك تەخسىلىك قورۇملار بىلەن كۈتۈۋالىدىغان بولدۇق.» تۇرغۇننىڭ ئېيتىشىچە، يېقىنقى يىللاردا ئائىلىسىدىكى بايراملىق يىغىلىشلاردا ئەگەر يەنە تاماقلار ئېشىپ قالسا، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى كىچىك ئويۇنلارنى ئويناشقا، كىم ئۇتتۇرۇپ قويسا شۇنى بىر كاپام قورۇما يەپ، ئېشىپ قالغان قورۇملار، ئېشىپ قالغان تاماقلارنى ئىمكانقەدەر پاكىز «تۈگىتىش»كە ئىلھاملاندۇرغان.



دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن خۇشال بەھرىلىنىش

▲ 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ساياھەتچىلەر ئۈرۈمچى نەنشەن تېغى بەيۈن خەلقئارا قار تېيىلىش مەيدانىنىڭ ئىستىراھەت رايونىغا جايلاشقان قار - مۇز باغچىسىدا «F1 ئۇچار ئاپتوموبىلى»غا ئولتۇرماقتا.

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى چىن پېڭ فوتوسى




▲ 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئامما ئۈرۈمچى دېخۇي ۋەندا مەيدانىنىڭ جيالې تۇرمۇش تاللا بازىرىدا تاۋارلارنى تاللاپ سېتىۋالماقتا.

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ۋاڭ جېن فوتوسى

ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى:

# مال توپلاش، باغچە رايونى قۇرۇش، كەسپلەرنى توپلاشتۇرۇشتا ئارقا - ئارقىدىن ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

باغچە رايونى قۇرۇش خىزمىتى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىلدى. قۇرۇقلۇق پورت رايونىنىڭ 2020 - يىللىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى جەمئىي 52 بولۇپ، خەلقئارا تېز يوللانما مەركىزى، جىنياڭ يولىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم دۆلەت ئەشيا ئوبوروتى تۈگۈنى نۇقتىلىق تۈردە قۇرۇلۇش تېزلىتىلدى. شەمالىي ۋوگزال تەۋەلىك رايونىنىڭ بايلىقلارنى بىرىكتۈرۈشى تېز ئالغا سىلجىتىلدى. شەمالىي ۋوگزال تەۋەلىك رايونىنىڭ ئومۇمىي شەھەر لايىھەسى تاماملىنىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر پىلانلاش ئىدارىسى تەشكىللىگەن مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن باھالاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پورت ئىقتىدارى كۈنسېرى مۇكەممەللىشىپ، تيەنجىن پورتى بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى، جۇڭگو ئۆلچەملەشتۈرۈش يۇرتى بىلەن پورت كودى تېخنىكا مۇلازىمەت كېلىشىمى ئىمزالاندى، باجدىن خالىي ئەشيا ئوبوروتى مەركىزى (B تىپ)، چېگرادىن كىرگۈزۈلگەن ئاشلىقنى بەلگىلەنگەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئورنى قاتارلىقلارنى قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش سىجىل ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

كەسپلەرنى توپلاشتۇرۇش ئۈنۈمى سىجىل ئۆستۈرۈلدى. 2020 - يىلى قۇرۇقلۇق پورت رايونىدا رويخەتكە ئالدۇرغان كارخانىدىن 40ى يېڭىدىن كۆپەيدى ھەم «كېيدا شۈنفېي» پاي چەكلىك شىركىتى، «جۇڭگو تۆمۈريولى» ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇلۇش مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى قاتارلىق دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى سەككىز كارخانا بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى، بۇ، يولنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ترانسپورت - سودىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش كەسپى، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئۇل ئەسلىھە كاپالىتى قاتارلىق تۆت جەھەتكە چېتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە تۇنجى تالون «چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا TIR+(9610)»نى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەندىزىسى سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا (9610) ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىنغان تاۋار 1 مىليون 700 مىڭدىن ئاشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)